3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

يېزىلاردىكى ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ «يەسلىگە كىرىشكە تېگىشلىكلىرى تولۇق كىردى»



□制图/新疆日报视觉中心　陈 潇

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»ىنى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىپ، ئالدىن پىلانلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يېزىلاردىكى ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىنى تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ «يەسلىگە كىرىشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كىرگۈزدى».

ئاپتونوم رايونىمىز يېزا يەسلىلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈردى. 2016 ـ، 2017 ـ يىلى 16 مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 4408 يېزا يەسلىسىنى يېڭىدىن قۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇپ، يېزىلاردىكى يەسلىلەرنىڭ «قۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق قۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر ـ بازارلىق مەركىزىي يەسلىلەرنىڭ قاپلاش نىسبىتى 100%كە يېتىپ، دۆلەتنىڭ «2020 ـ يىلىغا بارغاندا، ھەربىر يېزا ـ بازاردا پرىنسىپ جەھەتتە ئاز دېگەندە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەركىزىي يەسلىدىن بىرنى ياخشى قۇرۇش، چوڭ كەنتلەردە مۇستەقىل يەسلى قۇرۇش ياكى تارماق يەسلى تەسىس قىلىش، كىچىك كەنتلەردە بىرلەشمە يەسلى قۇرۇش»تەك ئورۇنلاشتۇرۇش يىرىك پىلانى نىشانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، يەسلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ «يەسلىگە كىرىشى قىيىن بولۇش، يەسلىگە كىرىشى قىممەت بولۇش» مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. ئىستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2016 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 4643 يەسلى، يەسلىدىكى بالىلار 919 مىڭ 600 بولۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىدا يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى ئاران 76.29% بولغان؛ 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 7725 يەسلى، يەسلىدىكى بالىلار 1 مىليون 519 مىڭ 500 بولۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن ئۈچ يىلدىكى يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 97.51%كە يەتكەن، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىدا تارىختىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان.

بالىلارنى «يەسلىگە كىرەلەيدىغان بولۇش» يەنە «ياخشى يەسلىگە كىرەلەيدىغان بولۇش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنى تولۇق سەپلەپ، كۈچلۈك سەپلەپ، ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش سىياسىتىنى ئىسلاھ قىلىپ، يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تولۇقلاش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. 2016 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، جەمئىي 44 مىڭ 800 يەسلى ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى پراكتىكا قىلىش، ئوقۇتقۇچىلار مائارىپقا ياردەم بېرىش پىلانى سىجىل يولغا قويۇلۇپ، جەنۇبىي ـ شىمالىي شىنجاڭدىكى يەسلى باشلىقلىرى قوشماقلىشىپ ئورتاق قۇرۇش، قوش يۆنىلىشلىك ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئىلغار مائارىپ ئىدىيەسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئورتاق بەھرىلىنىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يەسلى باشلىقلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ساپاسى، كەسپىي ساپاسى ھەمدە باشقۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەپ ئۆستۈرۈلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش. قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

لوپ ناھىيەسى:

مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە دەل جايىدا كۈچىدى

□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جىڭ جو، لىيۇ يى، زوۋ يى، جۇڭ جاۋفېڭ

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سەھەردىلا، لوپ ناھىيەسى ھاڭگىيا بازىرى خوراز توغراق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەرئەلى پېردۇن ئىشكى ئالدىدىكى شىيۇچۈن سۈتچىلىكى نەسىللىك سۈت كالىسى كۆپەيتىش چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ ئىشقا چۈشتى. ئۇ ئىشلەۋاتقاندا، توققۇز ياشلىق چوڭ ئوغلى بىلەن ئالتە ياشلىق كىچىك ئوغلى يېقىن ئەتراپتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يەسلىدە ئوقۇيدۇ. «ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېنى خاتىرجەم ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى» دېدى ئەرئەلى.

ھازىر، ئەرئەلىنىڭ ئايلىق مائاشى 3500 يۈەن بولۇپ، شىركەتتە ئۆگەنگەن تېخنىكىسىغا تايىنىپ، ئۆيىدە ئىككى سۈت كالىسى بېقىۋېتىپتۇ، خوتۇنىنىڭمۇ خىزمىتى بار بولۇپ، بارلىق كىرىمنى قوشقاندا بىر يىلدا 70 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدىكەن. بۇلتۇر، ئەرئەلى ئائىلىسىنىڭ نامرات ئائىلىلىك قالپىقى ئېلىۋېتىلىپتۇ.

«ئىككى بالام پارتىيەنىڭ مائارىپ ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى، يەسلىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان ھەرقايسى باسقۇچتىكى ئوقۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملىيالايدۇ.» ئەرئەلى پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: بالىلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئارزۇسى بار، چوڭى دوختۇر بولۇشنى، كىچىكى قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئۇستىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، «ئۇلارنىڭ مەكتەپنىڭ تەربىيەسى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدا، دۆلەتنى گۈللەندۈرىدىغان ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

لوپ ناھىيەلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېپيېڭى ئوقۇتۇش بىناسىدا، كۆپ ۋاستىلىك تاراتقۇ ۋە يىراق مۇساپىلىك تور دەرسخانىسى قاتارلىق زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لوپ ناھىيەلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ سالماقنى زورايتىپ قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرىنى قۇردى، مۇكەممەللەشتۈردى، تەجرىبە بىناسى، تەنھەرىكەت مەيدانى، ئاشخانا، قوشۇمچە ياتاق ئۇسكۈنىلەر قاتارلىق مائارىپ ئۇل ئەسلىھەلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

بۇ مەكتەپتىكى ئۆزگىرىشلەر لوپ ناھىيەسىنىڭ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى زورايتقانلىقىنىڭ بىر ئىخچام كۆرۈنۈشى. 2014 ـ يىلىدىن بۇيان، لوپ ناھىيەسى مەبلەغ سېلىپ، كۆلىمى 95 مىڭ 245 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەكتەپ بىناسىنى ياخشىلاپ، ئوقۇتۇش قوشۇمچە سايمانلىرىنى يېتەرلىك، تولۇق سەپلەپ، «ئالاقە تورىنى ھەممە مەكتەپلەرگە تۇتاشتۇرۇش، ئوقۇتۇش بايلىقىنى ھەممە سىنىپلارغا يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش بوشلۇقىدىن ھەممەيلەن بەھرىلىنىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

نامراتلىقنىڭ ئەۋلاد ئارا داۋاملىشىشىنى توسۇپ، ھەربىر ئادەمنى كىشىلىك ھاياتنى نۇرلاندۇرىدىغان پۇرسەتكە ئىگە قىلىشتا، مائارىپ چوڭقۇر رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

مېھرىنسا مەمتىمىن دول يېزىسى باشئېرىق كەنتىدىكى بىر نامرات ئائىلىدىن كەلگەن بولۇپ، ناھىيەلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنىڭ گىلەم توقۇش كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ شۇ جايدىكى بىر گىلەم زاۋۇتىنىڭ لايىھەلىگۈچىسىگە ئايلانغان، ئايلىق كىرىمى 3500 يۈەن ئەتكەن، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئائىلىسىنىڭ نامرات ئائىلىلىك قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن.

«ئەگەر مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇمىغان بولسام، جان بېقىش ماھارىتىم بولمىغان بولاتتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ياخشى كۈن ئۆتكۈزۈشۈم تەس ئىدى!» دېدى مېھرىنسا.

18 ياشلىق نۇرىمانگۈل تۇرسۇنجان لوپ ناھىيەلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىن ئىدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەكتەپنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ناھىيەلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى كەسپلەر باغچىسىدىكى «لولەنگۈل» كوللېكتىپىغا كىرىپ ئىشلەپ، توردا مال تونۇشتۇرغۇچى كىچىك چولپانغا ئايلاندى.

بۇ كوللېكتىپنىڭ مەسئۇلى گو رۈنزې مۇنداق دېدى: كوللېكتىپىمىز خىزمەتچى تەكلىپ قىلىشتا، نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىن تەكلىپ قىلىدۇ، نۇرىمانگۈلگە ئوخشاش نۇرغۇن ياش ھەققەتەن مائارىپ ئارقىلىق تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى.

لوپ ناھىيەسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لوپ ناھىيەسى مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى قىلىپ، نامرات نوپۇس پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى ئاساسىي مائارىپنى قوبۇل قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقنىڭ ئەۋلاد ئارا داۋاملىشىشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھەقسىز مائارىپ ۋە داشۆدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم پۇلى بېرىش سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەنلەر ئۈچ يىللىق مائارىپتا يەسلىگە كىرىش نىسبىتى ۋە توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 95%تىن ئاشتى، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئائىلىلەردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە كىردى. ناھىيەدە ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ تۇرمۇش ياردەم پۇلى سىياسىتى دەل جايىدا يولغا قويۇلدى، دۆلەت ئوقۇش ياردەم پۇلى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. لوپ ناھىيەسىدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە تۆت ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا قارىتا، 12 مەكتەپ قۇرۇلۇپ، 143 نەپەر ئوقۇتقۇچى سەپلەندى.

«بىر ئادەمنى تەربىيەلەپ، بىر ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، لوپ ناھىيەسى كەسپىي مائارىپنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تەربىيەلەشنى تۇتۇش، ماھارەت ئۆستۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كىرىمنى مۇقىملاشتۇرۇش» ئىدىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، 2019 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە، 15 كەسىپ ھەم يانداش ئەمەلىي مەشىق ئۆيى تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش توختام كېلىشىمى بار 190دىن ئارتۇق كارخانىغا بېرىپ ئىش ئورنىدا پراكتىكا قىلىش، ئالدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پراكتىكىسى قىلىشنى يوچۇقسىز ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مائارىپنى ئەقلىي، ئىرادە جەھەتتىن قوش يۆلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشنىڭ مۇھىم تۇتقىسىغا ئايلاندۇردى.

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن

يۇ چاۋشيا:

ھەربىر ئاغرىقنى ياخشى قوغدايمەن

«ئاغرىقلار تىنچ ـ ئامان بولسىلا، بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنىڭ ھەممىسى ئەرزىيدۇ.» ھەر قېتىم ئاغرىق دوختۇرخانىدىن چىققان چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلىگىنىدە، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ئېغىر كېسەللەر تېببىي مەركىزى 1 ـ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۇ چاۋشيانىڭ چېھرىدە مەمنۇنىيەت كۈلكىسى جىلۋىلىنىدۇ.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتا، ئېغىر كېسەل، خەتەرلىك ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇھىمنىڭ مۇھىمى، شۇنداقلا كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشتىكى ئاچقۇچ. بۇ ئەڭ قىيىن ئۆتكەل ئالدىدا، بارلىق تېببىي خادىملار پۈتۈن كۈچىنى چىقاردى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، يۇ چاۋشيا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋۇخەنگە ياردەم بېرىشكە تىزىملاتتى، بىر قېتىم ئۈرۈمچىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندە، ئۇ يەنە بىر قېتىم بىرىنچى سەپكە ئاتلاندى... «يۇقۇم»غا قارشى جەڭدە قەدىمى توختاپ قالمىدى.

يۇقۇم يۈز بەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، يۇ چاۋشيا ئېغىر مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش كوللېكتىپىنى باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، ICU1 ئاغرىقلار رايونىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ ھەم ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بىلەن يۇقۇملانغان 1 ـ تۈركۈمدىكى ئېغىر كېسەل، خەتەرلىك ئېغىر كېسەللەرنى قوبۇل قىلىپ داۋالاشقا باشلىدى.

يۇ چاۋشيا كېچە ـ كۈندۈز ئاغرىقلار رايونىنى قوغداپ، تۈرلۈك تەكشۈرۈش، كۆزىتىپ ئۆلچەش سانلىق مەلۇماتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆردى، ئاغرىقلارنىڭ كلىنىكىلىق ئىپادىسىنى سۈرۈشتۈردى، داۋالاش لايىھەسىنى تەڭشىدى، كېسەللىك مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى، ئاغرىقلارنى جەددىي قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى... دەسلەپكى مەزگىلدىكى يۇقىرى سىجىللىقتىكى خىزمەت ھالىتى ھازىرقىدەكلا ئۇنىڭ ئېسىدە.

«ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر كۈندە بىز تۆت ئاغرىقنى جەددىي قۇتقۇزدۇق، ئاغرىقلار رايونىدىن چىققاندا ئەتىسى سەھەر سائەت 8 بولغانىدى.»

يۇ چاۋشيانىڭ ئېيتىشىچە، شۇ كۈنى كېچىدە بىر ئاغرىقنىڭ نەپەس ئېلىشى ئاجىزلىشىپ، كاناياغا نەيچە كىرگۈزۈپ مېخانىكىلىق نەپەس راۋانلاشتۇرۇلغان ئەھۋالدىمۇ، ئوكسىگېنىنىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى يەنىلا نىشان قىممىتىگە يەتمىگەن، ئۇ كوللېكتىپنى باشلاپ بىرىنچى خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىققا ECMO ماشىنىسىنى ئىشلىتىشنى تاماملىغان.

كېيىنكى قەدەمدە يۇ چاۋشيا ۋە كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ سىجىل چىڭ تۇرۇشىغا توغرا كېلەتتى. «بولۇپمۇ ECMO نورمال ئايلىنىۋاتقان مەزگىلدە، ئاپپاراتنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى بىلەن ئاغرىقنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەر قانداق بىر مۆۋاپىق بولمىغان بىر تەرەپ قىلىش جانغا زامىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا 24 سائەت ئۈزۈلدۈرمەي قوغداپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش سانلىق قىممىتىگە ئاساسەن داۋالاش لايىھەسىنى ھەر ۋاقىت تەڭشىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.» قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنىڭ ئەڭ جەددىي پەيتىدە، يۇ چاۋشيا ئىشخانىسىدا قونىدى.

«ICU ئاغرىقلىرىنىڭ ساقىيالىشىنىڭ ھەممىسى قوغدىشىمىزدىن كەلگەن!» دېدى يۇ چاۋشيا قەتئىي ئىشەنچ بىلەن. ئاغرىقلار رايونىدىن قانچىلىك كەچتە چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، يۇ چاۋشيا ھەر كۈنى سائەت 10دا ئېچىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش يىغىنىغا دائىم دەل ۋاقتىدا قاتنىشىدۇ. يىغىندىن بۇرۇن، ئۇمۇ تولۇق تەييارلىق قىلىدۇ. «مەن تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك ھەربىر ئاغرىقنىڭ تەپسىلىي كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىش كۆرسەتكۈچىنى PPT قىلىپ ئىشلەپ، ئالدىنقى كۈندىكى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تەھلىل قىلىپ، كېيىنكى قەدەمدىكى دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن».

يۇ چاۋشيانى خۇشال قىلغىنى شۇكى، بىر قېتىم دۆلەت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىس جيۇ خەيبو ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مېنىڭ ئاغرىقلىرىم بولسا، مەن سىز تۇرۇشلۇق ئاغرىقلار رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى خالايمەن».

يۇ چاۋشيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېغىر ئاغرىقلارنى داۋالاش كوللېكتىپىدىكى بارلىق دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ قوغدىشى بىلەن، بۇ قېتىمقى يۇقۇمدىكى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتا ئېغىر كېسەل، خەتەرلىك ئېغىر كېسەلدىن بىرىمۇ ئۆلۈپ كەتمىدى.

«كەسپىي بىلىمىم ئارقىلىق بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلالىغانلىقىمدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن» دېدى يۇ چاۋشيا.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۆۋەتتە، قەشقەر ئايرودرومى، كورلا ئايرودرومىدا «ھاۋا بوشلۇقى ئاممىۋى قاتنىشى» ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. قەشقەر ئايرودرومىدىن شىنجاڭ ئىچىدىكى 13 شەھەرگە ئايروپىلان قاتنايدىغان بولدى، شىنجاڭ سىرتىدىكى 15 شەھەرگە ئايروپىلان قاتنايدىغان بولدى. كورلا ئايرودرومىدىن شىنجاڭ ئىچىدىكى 15 شەھەرگە ئايروپىلان قاتنايدىغان بولدى، شىنجاڭ سىرتىدىكى 13 شەھەرگە ئايروپىلان قاتنايدىغان بولدى.

دۆلەت بايرىمىلىق، جۇڭچيۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلى دەل شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ ئالتۇن مەزگىلى بولۇپ، قەشقەر ئايرودرومى كۈنىگە ئوتتۇرىچە 6614 ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇدى، كورلا ئايرودرومى كۈنىگە ئوتتۇرىچە 6081 ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇدى، پورتقا كىرگەن يولۇچىلار ئىچىدە ساياھەتچىلەر كۆپ بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر ئايرودرومىنىڭ شاڭخەينىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ساياھەت ھۆددە ئايروپىلانى ھەمدە كورلا ئايرودرومىنىڭ خېبېينىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ساياھەت ھۆددە ئايروپىلانى پائالىيىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى باشلاندى. ساياھەت ھۆددە ئايروپىلانىنىڭ قاتنىشى شۇ جاينىڭ ساياھەت كەسپىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)